# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي

26

جۈمە

维吾尔文 6 月26日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25104 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن گوللاندىيە پادىشاھى ۋىللىئام ـــ ئالېكساندىر ۋە خانىش ماكسىما بىلەن گوللاندىيەدە ۋاقىتىنچە تۇرۇۋاتقان مۈشۈكئېيىقنىڭ تۇغقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** بۇ يىل 5 ـ ئايدا، گوللاندىيەدە ۋاقىتىنچە تۇرۇۋاتقان مۈشۈكئېيىق «ۋۇۋېن» تۇغدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىندا دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن گوللاندىيە پادىشاھى ۋىللىئام ـــ ئالېكساندىر ۋە خانىش ماكسىما بىلەن ئۆزئارا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مۈشۈكئېيىق بالىسى جۇڭگو ـ گوللاندىيە دوستلۇقىنىڭ گۈزەل جەۋھىرى، ئىككى تەرەپنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ھەمكارلىقىغا كۈچ چىقارغانلىقىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ. يېڭى تېپىتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ـ گوللاندىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ئۆزئارا ياردەم قولىنى سۇنۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




### چىن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەللىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چىن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «2019 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى دوكلاتى»غا قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەت ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

چىن چۇەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ئاخىرقى كۈچەش پەيتىگە كەلدى، قانچە ئەڭ ئاخىرقى پەيتكە كەلگەنسېرى كىرىچنى شۇنچە چىڭىتىپ، شۇنچە غەيرەت قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەللىدە يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىرادە، جىدامچانلىقنى ساقلاپ، بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش كېرەك. ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋىلايەت، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا ـ كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ كېچىسى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شيۈك سۈگرۇ، سۈن شاۋشيۇڭ**

ئاي ئاسماندا ئېسىلىپ تۇراتتى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا «كېچىدە چىنلاقلاردا تولەنلىگەن پانۇسلار يورۇپ تۇراتتى»، ئىلگىرى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن تىمتاسلىققا چۆمۈپ كېتىدىغان يېزا ـ كەنتلەر بۈگۈنكى كۈندە قايناق ـ تاشقىنلىققا تولدى.

بۇنداق ئۆزگىرىش يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا سىجىل تۈردە كۆپ تۈرلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئالغا سىلجىتىلغانلىقىدىن بولدى.

قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئودانلىق بازىرى بويىلا كەنتىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان مەدەنىيەت مەيدانىنى يول چىراغلىرى يورۇتۇۋەتكەنىدى، باللار چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرىدە ئويناۋاتاتتى، چوڭلار بىر چەتتە كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. شىمال تەرىپىدە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ياردىمىدە سېلىنغان بىر قاتار «ئون كىچىك دۇكان» بولۇپ، دۇكانلار رەتلىك، پاكىز ئىدى، تاماقلارنىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى، ھەر خىل مەززىلىك تائاملار بىر كۈن ئالدىراش يۈرگەن كەنت ئاھالىلىرىنى جەلپ قىلاتتى. دۇكان ئالدىدا، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان چىراغ لېنتىسىغا شوخ مۇزىكا قوشۇلۇپ، يېزا ـ كەنت كېچىسىنى ناھايىتى قايناق ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈرگەنىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 11 تارماق بىرلىشىپ ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

## ئاپتوموبىل ئىستېمالى مۇقىم كېڭەيتىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جياڭ بياۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپتوموبىل ئىستېمال بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىستېمال ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش، ئىستېمال ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى قاتارلىق 11 تارماق بىرلىشىپ «دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق 11 تارماقنىڭ ‹ئاپتوموبىل ئىستېمالىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە دائىر بىرقانچە تەدبىر›نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتقان.

«ئۇقتۇرۇش»تا دۆلەتنىڭ «دۆلەت 6 ـ بولغىما چىقىرىش ئۆلچىمى»نى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار تەلەپلىرىنى تەكشۈرۈش، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا ئالاقىدار مالىيە ـ باج مەدەتتى سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 92 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

### جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش تەتقىق قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 92 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى تەسىس قىلىش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تېخىمۇ كۆپ كەسپ ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى يىپىلدى

### ۋاڭ جۈنجېڭ شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى يىپىلدى. يىغىندا شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى.

ۋاڭ جۈنجېڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى باشتىن ـ ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


### بىزنىڭ بايرىمىمىز · دۇەنۋۇ





**ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى**

**▲6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، خوشۇت ناھىيەسى جىنشاتەن مەنزىرە رايونىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» دۇەنۋۇ ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. ☐ سۇ چياڭ فوتوسى**

**بەدەن چېنىقتۇرۇپ يۈگۈرۈش**

**▶6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋانچىڭ رايونى داۋانچىڭ بازىرى «داۋانچىڭدا كۆڭۈللۈك ھەرىكەت قىلىش ساغلام شاد ـ خۇرام يۈگۈرۈش» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چىن مېيخۇا فوتوسى**

## زوڭزا خۇش ھىد چاچتى، ھېسسىيات چوڭقۇرلاشتى، قەلبلەر تۇتاشتى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

زوڭزا تۈگۈش، بازار ئايلىنىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلاش، بەخت تىلەش... 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۇەنۋۇ بايرىمى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كادىرلار قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن كۆپ خىل شەكىلدە ئەنئەنىۋى كاتتا بايرامنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، قويۇق بايرام كەيپىياتى ئىچىدە، ۋەتەننى سۆيۈش مۇھەببىتىنى بىللە ئىزھار قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا ئورتاق پاراڭلاشتى.

**رەڭدار پائالىيەتلەر ئارقىلىق كاتتا بايرام ئۆتكۈزۈلدى**

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بۇرچىن ناھىيەلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ كادىرى جاۋ چېن ئۆزىنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى ما جۈنخېي بىلەن بىللە بالدۇرلا چۈنقۇر بازىرىدىكى بازارغا كەلدى.

سائەت 11دە، بازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدا، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغدا ‹زوڭزا› رىشتى ‹زوڭزا› مەدەنىيىتى بۇرچىندا» باش تېمىسىدىكى بىر مەيدان پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. يېقىملىق دومبىرا چېلىنىپ، ناخشا ئېيتىلدى، «خۇڭجۇاڭ» «فېيتيەن» «مو ۋۇ» قاتارلىق ئۇسسۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوينالدى، مەدەنىيەت پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، كۆپچىلىك قانغۇچە ھۇزۇرلاندى.

«بۈگۈن بايرام ئۆتكۈزدۇق، مەن تۇغقىنىم بىلەن بىللە بازارغا كېلىپ ئايلىنىپ، زوڭزا تۈگىدىغان يوپۇرماق، نومى گۈرۈچى سېتىۋېلىپ، ئۆيدە بىللە زوڭزا تۈگمەكچى بولدۇق» دېدى جاۋ چېن خۇشال ھالدا.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)